شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
17
سەيشەنبە
维吾尔文 3 月17日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25003 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ ئىتالىيە زۇڭلىسى كونتې بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە ئىتالىيە زۇڭلىسى كونتې بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىر مەزگىلدىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كەسكىن سىنىقىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. نەچچە ئاي جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ئۆزگىرىش بولۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى تېز ئەسلىگە كەلدى. بىز باشتىن - ئاخىر ئېھتىياتچان بولۇپ، تىرىشىپ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق، ئومۇميۈزلۈك، ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشى - تىزگىنلىشىگە ئىشەنچ بېغىشلايمىز.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ جاۋاب خەت يېزىپ بېيجىڭ داشۆنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى بارلىق «90 - يىللاردا تۇغۇلغان» پارتىيە ئەزالىرىنى ئىلھاملاندۇردى

ياشلىق باھارىڭلار بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلاردا رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇڭلار

جاۋاب خەت

بېيجىڭ داشۆنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش - داۋالاش ئەترىتىدىكى بارلىق «90 - يىللاردا تۇغۇلغان» پارتىيە ئەزالىرىغا:

يازغان خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە، سىلەر ياشلار بىرىنچى سەپتە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە، جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتۈپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ياشلىق باھارىڭلارنىڭ جۇشقۇن كۈچىنى نامايان قىلىپ، لاياقەتلىك ئىمتىھان قەغىزى تاپشۇردۇڭلار. كەڭ ياشلار ئۆز ھەركىتى ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىنى، چوڭ ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى! مەن سىلەرگە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ھەرقايسى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان كەڭ ياشلارغا سەممىي سالام يوللايمەن!

ياش ئەۋلادلار غايىلىك، قابىلىيەتلىك، مەسئۇلىيەتچان بولسا، دۆلەت ئىستىقباللىق بولىدۇ، مىللەت ئۈمىدكە تولىدۇ. سىلەرنىڭ تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش داۋامىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئىرادە - پەزىلىتىڭلارنى تاۋلاپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا خىزمەت قابىلىيىتىڭلارنى ئۆستۈرۈپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان ئىش ئورنىدا داۋاملىق جان تىكىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، كەڭ ياشلارنى بوران - چاپقۇندىن قورقماي، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشقا يېتەكلەپ، ياشلىق باھارىڭلار بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلاردا رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ
2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى
(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭ داشۆنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش - داۋالاش ئەترىتىدىكى بارلىق «90 - يىللاردا تۇغۇلغان» پارتىيە ئەزالىرىغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارغا ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ھەرقايسى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان كەڭ ياشلارغا سەممىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە، سىلەر ياشلار بىرىنچى سەپتە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە، جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتۈپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ياشلىق باھارىڭلارنىڭ جۇشقۇن كۈچىنى نامايان قىلىپ، لاياقەتلىك ئىمتىھان قەغىزى تاپشۇردۇڭلار. كەڭ ياشلار ئۆز ھەركىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىنى، چوڭ ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ياش ئەۋلادلار غايىلىك، قابىلىيەتلىك، مەسئۇلىيەتچان بولسا، دۆلەت ئىستىقباللىق بولىدۇ، مىللەت ئۈمىدكە تولىدۇ. سىلەرنىڭ تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش داۋامىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئىرادە - پەزىلىتىڭلارنى تاۋلاپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچتە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جىڭدە غەلىبە قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

يېتى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جىڭدە قەتئىي قەرەلىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش كېرەك

چېن چۈەنگو سۆز قىلدى شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى قەتئىي تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى قىلغان ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشتا تەۋرەنمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جىڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرستىلدى: ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى، بۇ بىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشىمىز، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىدىغان، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نورمال ھالەتتە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنداش، قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئىشچىلار قەشقەر ئىقتىساد - تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسپىلەر باغچىسىدىكى شىنجاڭ قەشقەر چىلۇ رۇيى توقۇمىچىلىق كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا يىپ ئېگىرمەكتە. بۇ شىركەت قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار ناھىيەسى ۋە يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە 800 مىڭ ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، 5000دىن كۆپرەك ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

☐ ئابدۇقادىر ئابباس فوتوسى

چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق ئاق قالدۇرماسلىق

ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە كەڭ دائىرىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى پۇختا قانات يايدۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۇجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بولتۇر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە كەڭ دائىرىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كەڭ دائىرىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كەنتمۇكەنت تەكشۈرۈش، ئائىلىمۇئائىلە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەش، تورمۇتور ئېنىقلاش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە كەڭ دائىرىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشتە تېگىگىچە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

ئاپتونوم رايونىمىز 24 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تىجارەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى مالىيە نازارىتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ يۇقۇم تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مۇقىم تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»نى ئېلان قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە 572 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى ئوقۇش باشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەندى، قول دېزىنفېكسىيە قىلىندى، ماسكا تارقىتىلدى، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت 8دىن 50 مىنۇت ئۆتكەن چاغ، مەكتەپ قورۇسى ئىللىق باھار نۇرىغا چۆمگەندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى خۇاڭ شيۈەن يېڭى ئوقۇش مەۋسۈمىدىكى تۇرمۇشنى باشلىدى.

«ئوقۇش باشلاشقا ئەزەلدىن بۇنداق ئىنتىزار بولۇپ باقمىغانىدىم، ھازىر سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاشنى ئىنتايىن بەختلىك ئىش ئىكەن دەپ ھېس قىلىدىغان بولدۇم» دېدى خۇاڭ شيۈەن خۇشال ھالدا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

لى پېڭشىن ئۈرۈمچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى:

قەتئىي تۈردە مەكتەپلەردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن ئۈرۈمچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش ①

قاتناش، ئەشيا ئوبوروتى راۋانلاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لۇ فېڭباۋ، ما يىنىڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **چېن خۇي** خەۋەر قىلىدۇ: «يولۇچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، قاراڭ، ھازىر كەچلىك يۇقىرى پەللە، يولۇچىلار تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى» دېدى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت 19لار ئەتراپىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 907 - يول ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى ھەيدەۋاتقان شوپۇر مۇختەر يۈسۈپ مۇخبىرغا.

907 - يولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش گۇرۇھىغا قاراشلىق 149 لىنىيەنىڭ ھەممىسىدە نورمال يۈرۈش ئەسلىگە كەلدى، چوڭ - كىچىك كوچىلاردىن ئۆتىدىغان 2200دىن ئارتۇق ئاممىۋى ئاپتوبۇس ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت 3 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە بۇ شەھەرنىڭ «قىلدام قان تومۇر»لىرىنى راۋانلاشتۇردى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىداچياۋ كۆۋرۈكىدە تۇرۇپ قارىغاندا، تاكسى، شەخسىي ئاپتوموبىل، ئاممىۋى ئاپتوبۇس قاتارلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەنە يول توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋالىغا دۇچ كەلدىم، كوچىلار قاينام - تاشقىنلىققا تولغان كۈنلەر يەنە قايتىپ كەلدى» دېدى شەخسىي ئاپتوموبىل ئىگىسى لۇ يۇنشۈەن.

يالغۇز ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا ئەمەس، تيانشاننىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى شەھەر - يېزىلاردا «تۆمۈريول، تاشيول، ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى»نىڭ ھەممىسىدە قاتناش باشلاندى، ئاممىۋى قاتناش، تاكسى، لىنىيە ئاپتوموبىللىرى يۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردى. شىنجاڭنىڭ 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق بىپايان زېمىنىدا نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى.

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش 12123 ئاۋازلىق مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ تېلېفونى سەل «بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى»، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، بۇ سۇپىا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7000 قېتىم چاقىرىلىپ، ئېچىلغان ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تارىخىي يۇقىرى پەللە يارىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چاقىرىلغان تېلېفون 10 مىڭ قېتىمغا يېقىن بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، تېز يوللانما شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى پوسۇلكىلارنى ئايرىماقتا. ھازىر، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپىلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى) سانائەت باغچە رايونىدىكى بەيشى تېز يوللانمىسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ كۈندە بىر تەرەپ قىلىدىغان شىنجاڭغا كىرگەن تۈرلۈك پوسۇلكا مال مىقدارى تەخمىنەن 60 مىڭ ئەتراپىدا بولماقتا.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى